# ئانارگۈلى ئۆزگىچە قىزىل ئېچىلدى

## ــــ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىنىڭ تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى چىن يۈڭگاڭ توغرىسىدا

□ ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز جاڭ چياڭ، شۆ جۈن، چېن مىڭ

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، 2019 ـ يىللىق مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى تەقدىرلەش يىغىنى ھەم تۈنجى مەيدان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى ئاممىۋى خىزمەت ئالاقە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى چىن يۈڭگاڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىنىڭ تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2013 ـ يىلى، چىن يۈڭگاڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاممىۋى خىزمەت ئالاقە باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەندە، تەۋەلىكتىكى 33 ناھىيەنىڭ 22 سى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ياردەم بېرىپ يۆلەۋاتقان 67 ئېغىر نامرات كەنتنىڭ 22 سى نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىدى، قوشماقلىشىپ ياردەم بەرگەن، يۆلىگەن 1775 نامرات ئائىلىدىن 1011 ئائىلە نامرات ئائىلە تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلدى.

2013 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، چىن يۈڭگاڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئاراشور كەنتى بىلەن ئۇدۇللىشىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بويىچە قوشماقلاشتى. ئۇ زىيارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئاراشور كەنتى قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ـ كەنتلىرى ئۈچۈن ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان نامراتلارنى يۆلەش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى.

خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش كېرەك. چىن يۈڭگاڭ «ئۈچكە ياردەم بېرىش، ئىككىنى يېتەكلەش»(پارتكوم ياچېيكىغا ياردەم بېرىش، شۇجى ياچېيكا شۇجىسىغا ياردەم بېرىش، پارتكوم ياچېيكا كومىتېتىغا ياردەم بېرىش، كومىتېت ئەزالىرى پارتىيە ئەزالىرىنى يېتەكلەش، پارتىيە ئەزالىرى ئاممىنى يېتەكلەش) چارىسى بويىچە، ئاراشور كەنتىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى ئۆگىنىشى، كەنت ئاھالىلىرى ئەھدىنامىسى، ئىشلارنى كېڭىشىش قائىدىسى قاتارلىق تۈزۈم ـ بەلگىلىمىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، خىزمەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، بىرلىكتە نەزەرىيە ئۆگىنىش، بىرلىكتە پارتىيە دەرسى ئۆتۈش، بىرلىكتە پارتىيە كۈنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق پارتىيەۋىلىك قارىشى ۋە مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

چىن يۈڭگاڭ يەنە قەرەللىك ھالدا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى بويىچە تەربىيەلەشنى يولغا قويۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلاپ، كەنت مەدەنىيەت ـ كىتاب ئوقۇش ئۆيى، پارتىيە ئەزالىرى پائالىيەت ئۆيى، ئىككىنى ھىمايە قىلىش مەدەنىيەت مەيدانى قاتارلىق بازىلارنى قۇرۇپ چىقىپ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى قويۇش، توردا ئۆگىنىشكە دائىر سايمان ـ ئۈسكۈنىلەرنى سەپلىدى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قانۇنغا ئائىت كىتابلارنى سېتىۋالدى.

«سىز بىزنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلدىڭىز!» چىن يۈڭگاڭ ھەر قېتىم ئاراشور كەنتىگە بارغاندا، ئاۋۇت تاغا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىققىنىچە قويۇپ بەرمەيتتى.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، ياشىنىپ قالغان ئاۋۇت تاغا ئىقتىسادىي مەنبەسى بولمىغاچقا تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغانىدى. چىن يۈڭگاڭ ئۇنىڭغا قوزا ۋە چۈجىلەرنى ئاپىرىپ بېرىپ، مەخسۇس تېخنىكا بىلىدىغان ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى ئىز قوغلاپ يېتەكلەشكە ئورۇنلاشتۇردى، يەنە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ كۆكتات پارنىكى ياساپ بەردى.

ئۇ چاغلاردا، چىن يۈڭگاڭ كۈندۈزى ئالدىراش خىزمەت قىلسا، ئاخشىمى ئىسمىنا قوشۇپ ماتېرىيال ئىزدەپ، تېخنىكا ئۆگەندى، ۋاقتى يەتسىلا ئاۋۇت تاغىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. كۆكتاتلار پىشقاندىن كېيىن، چىن يۈڭگاڭ يەنە ياردەم بېرىپ سېتىش يولى ئىزدىدى. بىر يىل ئۆتۈپلا، ئاۋۇت تاغا نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىدى.

بەش يىلدىن بۇيان، چىن يۈڭگاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ كەنتتىكى 60 نەچچە نامرات ئائىلىنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، چىن يۈڭگاڭ ئاراشور كەنتىدە ئۈچ «بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە»نىڭ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا پۇلى يوقلۇقىنى بىلىپ، يېڭى ئوپېراتسىيەدىن چىقىپ كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان تۇرۇقلۇق، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۇلارغا يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا پۇل ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. يېڭىچە يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالاش ئومۇميۈزلۈك باشلانغاندىن كېيىن، چىن يۈڭگاڭ يەنە 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ، بەش ئائىلىلىك قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ يېڭىچە يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتنىشىشىغا ياردەم بەردى.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىسى ھۆسەنجاننىڭ دادىسى يارتا پالەچ بولۇپ قالغانىدى، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر تۆۋەن كاپالەتكە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. چىن يۈڭگاڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كېسەلگە شىپا بولىدىغان دورا ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئاپىرىپ بەردى، يەنە بىرلىكتە تۇرۇشلۇق ھەربىي دوختۇرخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كېسەللىنى قەرەللىك كۆرسىتىپ داۋالاتتى. ھۆسەنجاننىڭ خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن، چىن يۈڭگاڭ مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنىڭغا ئوقۇش ياردەم پۇلى ھەل قىلىپ بەردى ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئىقتىسادىي ياردەم ئالاقىلىشىپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، ھۆسەنجاننىڭ ئائىلە شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان بەش يىلدىن بۇيان، چىن يۈڭگاڭ قىسمىدا 32 تارماق خىزمەت ئەترىتى، 233 نەزەرىيە تەشۋىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 2300 دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى ئاممىنى زىيارەت قىلىپ، 450 مەيداندىن ئارتۇق لېكسىيە سۆزلىدى؛ ئەلنى سۆيۈش بازىرى، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش پارنىكى، ئەلنى بېيىتىش ھۈنەرۋەنچىلىك ئۆيى، مەدەنىيەت مەيدانى قاتارلىقلاردىن 108 نى ياردەم بېرىپ قۇردى، يەرلىك بىلەن ماسلىشىپ بىرلىكتە كىيىم ـ كېچەك، تېرىقچىلىق قاتارلىق بەش خىلدىكى 17 تۈرلۈك ئەمەلىي تېخنىكا ماھارەت بىلەن تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1200 دىن ئارتۇق ئادەمگە بىر خىل ماھارەتنى ئىگىلىتىپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى؛ 102 ئورتاق قۇرغان مەكتەپكە 1 مىليون 50 مىڭ يۈەنلىك ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىئانە قىلدى، 204 ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنى مەكتەپ سىرتىدا يېتەكلىگۈچى بولۇشقا ئورۇنلاشتۇردى، 5100 دىن ئارتۇق نامرات ئوقۇغۇچىغا مەبلەغ ياردىمى بەردى، ئوقۇشسىز قالغان 36 بالىنىڭ مەكتەپكە قايتىشىغا ياردەم بەردى...

ئانارگۈلى يېڭى دەۋردە ئېچىلدى، ئارمىيە ـ خەلق قول تۇتۇشۇپ ھالقى جەمئىيەتكە ئاتلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى خۇددى قىپقىزىل ئانارگۈلدەك پورەك ئېچىپ، كۈنسايىن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى...

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن

## «يېڭى دەۋر پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىروگراممىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ شەكىللەندۈردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېنتىلىشىنى قاندۇرۇشتىكى تەخىرسىز ئېھتىياج، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشى ۋە ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇقەررەر تەلەپ.

«پىروگراممىا»دا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشتە، بازار ئىگىلىكى قائىدىسى، سىياسەت، قانۇن ـ نىزام، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تېخى مۇكەممەل بولمىغانلىقى، ناچار ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشى ۋە توردىكى زىيانلىق ئۇچۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن، ئەخلاق ساھەسىدە يەنىلا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا، بەزى ساھەلەردە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇش ھادىسىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانغان بولۇپ، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك يەنىلا بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ؛ بەزى جەمئىيەت ئەزالىرى ئەخلاق قارىشى مۇجمەل، ھەتتا كەمچىل بولغاچقا، ھەق ـ ناھەقنى، ياخشىلىق ـ يامانلىقنى، گۈزەللىك ـ رەزىللىكنى ئايرىمايدى، مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىدىغان، پايدىنىلا كۆزلەيدىغان، باشقىلارغا زىيان سېلىپ ئۆزى پايدا ئالىدىغان، ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزىنى سەمرىتىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؛ ساختىلىق، ئالدامچىلىق، لەۋزىدە تۇرماسلىق ھادىسىلىرى ئۆزاقتىن بۇيان تۈزەسىمۇ تۈگىمەيۋاتىدۇ، ئاممىۋى تەرتىپ، ياخشى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ تۆۋەن چېكىدىن ھالقىپ كېتىدىغان، خەلقنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىغا دەخلى قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى ۋە مىللەتنىڭ ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھادىسىلەر پات ـ پات يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر جەزمەن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىشى، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىنىشى كېرەك.

«پىروگراممىا»دا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك، شۇنداقلا تەخىرسىز، مۇشكۈل ھەم مۇرەككەپ ۋەزىپە، يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى تەلىپىگە ماسلىشىپ، نىشان يۈنىلىشى ۋە مەسىلە يۈنىلىشىنى ئۆزئارا بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، پائال يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئومۇمىي خەلق ئەخلاق ساپاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە يەتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

«پىروگراممىا»دا يېڭى دەۋردىكى پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا قارىتا ئومۇمىي تەلەپ ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم ئەخلاق تەربىيەسىنى يېتەكچى قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەخلاق ئەمەلىيىتى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، تور بوشلۇقى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش، تۈزۈم كاپالىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## ئاپتونوم رايون دۆلەت مۈلكىنىڭ «تېگى ـ تەكتى»نى ئاشكارىلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«دوكلات»تا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان. كارخانىلارنىڭ دۆلەت مۈلكى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز تۈرلۈك دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈم سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئىككى كۆپ، ئىككى ئاز» نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدىيەسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت تىزىملىكى تۈزۈپ، مۇھىم، زور ئىشلارنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «پارتىيە قۇرۇلۇشى+» خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت كاپىتالىنىڭ يۈرۈشۈش ـ تىجارەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىكى ئالاقىدار تارماقنىڭ مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ھۆكۈمەتنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىشىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قېلىپلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنىڭ ئاشكارا، ئېنىق بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاشكارا ھۆكۈمەت بەرپا قىلىشتا، دۆلەت مۈلكىنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(بېشى 2 ـ بەتتە)

كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، بىز جەزمەن پارتىيە رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ھەم پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق، ئىچكى ئىشلار، دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى ئىدارە قىلىش قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە گەۋدىلەندۈرۈشىمىز، شۇنداقلا يەنە باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر يۈنىلىشى مۇستەھكەم، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

«جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىشتا، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك تۈزۈم لايىھەسىنىڭ خەلقنىڭ ئۆزگە ئۆزى ئىگە بولۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك ــــ

بۇ يىل مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، «80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» كۆمۈركان ئىشچىسى دۇڭ لىننىڭ كۆمۈركان ئىشچىلىرىنىڭ «ۋەكىلى»بولغانلىقىنىڭ يەتتىنچى يىلى.

نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ كۆمۈركان قۇدۇقى ئاستىدىكى جاپالىق ئىش ئورنى ياردەم پۇلىدىن ئېلىنىدىغان شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش تەكلىپ لايىھەسىنى ئۇدا سۇنۇپ، سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشى سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينىڭ ماھىيىتى ۋە يادروسى. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەنگەن: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ.

دەل مۇشۇنداق تۈزۈم لايىھەسى بولغاچقا، شېن جىلەندەك ئادەتتىكى دېھقان دۆلەتنىڭ توپ چوڭ قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە تەسىر كۆرسەتىلدى، دېھقان ئىشلەمچى، تېز يەتكۈزگۈچى قاتارلىقلار دۆلەتنىڭ زور تەدبىرى توغرىسىدىكى ئورتاق كېڭىشىشكە قاتنىشالىدى.

خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقاچقا، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ئۈنۈملۈك ھالدا خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈردى، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملىدى، دۆلەت ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سارىيىدىن ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىغىچە، ھەممىسىدە «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ دەۋر مەنزىرە لىنىيەسى نامايان بولدى.

ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، بىز جەزمەن خەلق مەركەز قىلىنغان قىممەت يۆنىلىشىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تۈرلۈك دۆلەت تۈزۈمى لايىھەسى ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە دېموكراتىيە تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دېموكراتىيە يولىنى كېڭەيتىپ، دېموكراتىيە شەكلىنى بېيىتىپ، قانۇنچىللىق كاپالىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت تۈزۈم لايىھەسى ۋە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئەلرايى ئاساسىغا ئىگە قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئىجادىيەت ئۇلۇغ كۈچىنى تولۇق قوزغىتىشىمىز كېرەك.

«جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىشتا، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىك ئۇزۇن تېچىشنى پۇختىلاش كېرەك ــــ

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ھەق ـ تەلەپ قانۇن كودېكسىنىڭ ئۆيلىنىش ـ ئائىلە قىسمى لايىھەسىگە داۋاملىق قاراپ چىقىلدى، بۇ، ئومۇمىي خەلققە مۇناسىۋەتلىك مۇشۇ تۈردىكى ئۇل خاراكتېرلىك قانۇننى 3 ـ قېتىم قاراپ چىقىش ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن چىقىرىلغان تۇنجى قانۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆيلىنىش قانۇنىنى تۈزۈشتىن نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىشكىچە، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش، ئىلگىرىلەش مۇساپىسى ئەكس ئەتتى.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، تېخىمۇ مۇھىمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي تەدبىرى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم دۆلەت تۈزۈمى ۋە قانۇن ـ تۈزۈمىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنى تۈپ كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ھازىر، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق قانۇنچىللىقنىڭ قوغدىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئىقتىساد، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى قانۇنچىللىقنىڭ قوغدىشىغا موھتاج، پۇقرالارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، بەخت ـ سائادىتى قانۇنچىللىقنىڭ قوغدىشىغا تايىنىدۇ.

«يېڭى مۇساپىدە، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنىڭ بىر گەۋدە قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغاندىلا، بىز جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىپ ۋە كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقنى قوغداپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايمىز» دېدى جۇڭنەن مالىيە ـ ئىقتىساد، سىياسىي ـ قانۇن داشۆسىنىڭ پىروفېسسورى شۇ خەنمىڭ.

ئۆزگە ئىشنىش كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزگە ئىشنىش يولىدا ياخشى مېڭىش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش باش نىشانىغا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلىغاندا، بىز سەگەك ھەم قەتئىي ھالدا:

تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈم قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى، ئاساسىي تۈزۈمى، مۇھىم تۈزۈمدە ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈزۈم بىرىكمە كۈچى ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك؛

ئۈزلۈكسىز تۈردە دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇشقا تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئىلمىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، دېموكراتىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئاپپاراتلىرى ھەم ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يۈرۈشۈشىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك...

1957 ـ يىلى، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرغۇچىلىرى سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېگەن: «دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى تېخى ئەمدىلا ئورنىتىلدى، تېخى تولۇق ئورنىتىپ بولۇنمىدى، تېخى تولۇق مۇستەھكەملەنمىدى».

1992 ـ يىلى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مۇنداق دېگەن: «ئېھتىمال يەنە 30 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىز ئاندىن ھەرقايسى جەھەتلەردە تېخىمۇ پىشقان، تېخىمۇ تۇراقلاشقان بىر يۈرۈش تۈزۈمنى شەكىللەندۈرەلىشىمىز مۇمكىن».

2019 ـ يىلى، يېڭى دەۋرنىڭ يول باشلىغۇچىسى تەنتەنىلىك بىلەن مۇنداق جاكارلىدى: «بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولىنى ئاچتۇق، بىز مۇشۇ يولنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىسەكلا، چوقۇم دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز».

ئېرەن دەرىخى چوغدەك قىزاردى، قىپقىزىل بايراق جەۋلان قىلدى.

كەڭ چاڭئەن كوچىسىنىڭ يېنىدا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش رەڭگارەڭ سالىيۇتلىرى كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرماقتا، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى تېخىمۇ ياخشى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ مېڭىشىنى يېپيېڭى تاللاشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىنسانىيەت تۈزۈم مەدەنىيلىكىگە جۇڭگونىڭ ئەقىل ـ پاراستى، جۇڭگو لايىھەسىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھات قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**